شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى  新疆日报

2021 - يىل 2 - ئاي
28
يەكشەنبە
维吾尔文 2 月28日
25346 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57   تىيانشان تورى: www.ts.cn

# شى جىنپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى
3 - بەتتە

## پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان جاھان مۆجىزىسى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

### شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 28 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى

# ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا 28 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىجتىمائىي كاپالەت خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، جەمئىيەت ئادىللىقىنى قوغداش، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي تۈزۈم كاپالىتى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇشتىكى چوڭ مەسىلە. قايتا تەقسىملەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك، تېخىمۇ تولۇق كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنى قاپلىغان، شەھەر - يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلىنىدىغان، ئادىل، بىرلىككە كەلگەن، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت بىخەتەرلىك تورىنى يەنىمۇ زىچ توقۇپ، دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

جۇڭگو ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى خۇ شياۋيى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈردى، خىزمەت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىدىكى يولداشلار ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم مۇھاكىمە قىلدى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەمىز ئەزەلدىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تېز سۈرئەتلىك يولغا كىرىشىگە تۈرتكە بولدى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ياشانغانلار ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار ۋە كارخانىلارنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىر ئىزغا سېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ياشانغانلار ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنى مەركەز تەڭشەش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «1 - ئىيۇل ئوردېنى» نامزاتىنى كۆرسىتىش ۋە مەملىكەت بويىچە «ئىككى ئەلا، بىر ئىلغار»لىقتا كۆرسىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «1 - ئىيۇل ئوردېنى» نامزاتىنى كۆرسىتىش ۋە مەملىكەت بويىچە «ئىككى ئەلا، بىر ئىلغار»لىقتا كۆرسىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن تۇنجى قېتىم «1 - ئىيۇل ئوردېنى»تارقىتىپ، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى ۋە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئوردېن تارقىتىش ۋە تەقدىرلەش ئارقىلىق تۆھپىكار نەمۇنىچىلار ۋە ئىلغار تىپلارنىڭ روھىي سالاپىتىنى تولۇق نامايان قىلىش، كەڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەرقايسى سەپ، ھەرقايسى ساھە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## يۇرۇقلۇق ئېنېرگىيەسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى يورۇتتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قايتا زىيارەت قىلىش

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى
جاڭ تىڭ ئىختىيارىي مۇخبىر جۇڭ شىن

چىڭگىل ناھىيەسى ئاقدالا بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈك ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قاتار - قاتار قېنىق كۆك رەڭلىك يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى تاختىلىرى قۇياش نۇرى ئېنېرگىيەسىنى قوبۇل قىلىپ ھاسىل قىلغان يېشىل، پاكىز ئېنېرگىيەنى مىڭلىغان ئائىلىلەرگە ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى. ھەربىر يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتىر ئىستانسىسى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىدىكى «قۇياش نۇرى بانكىسى»غا ئايلاندى.

2017 - يىلى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنىڭ مەدىتىدە، چىڭگىل ناھىيەسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 38 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن ئىككىنى قۇردى. مەركەز مالىيەسىنىڭ ياردەم تولۇقلىمىسىنى قوشقاندا، ھەر يىلى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ تۈرتكىسىدە، چىڭگىل ناھىيەسىدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن 22 نامرات كەنتتە كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكى كىرىمى مۇقىم ئاشۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرى مۇستەھكەملىنىپ، تەرەققىيات زاپاس كۈچى ئاشۇرۇلدى.

**«قۇياش نۇرى قۇرۇلۇشى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى**

2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، چىڭگىل ناھىيەسى سارتوقاي يېزىسىنىڭ مۇھت تازىلىقى ئىشچىسى قارقىن ئەسقەرباي ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى رايونلارنى بالدۇرلا پاكىز تازىلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بىر يىلدا

ۋەكىل شۇ تاۋ:

## ئاپتوموبىلنى قەيەرگە ھەيدەپ بارسام لىي فېڭ روھىنى شۇ يەرگىچە يەتكۈزىمەن

**ۋەكىل، ئەزالارنىڭ سالاپىتى**

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: «نۇرغۇن ئاما ماڭا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىك يېنىمىزدىلا ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمىز، دېدى.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، قۇتۇبى ناھىيەسى لېي فېڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى شۇ تاۋنىڭ خەلق راينى ئاڭلاش، توپلاشقا تەبىئىي ئەۋزەللىكى بار —— ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇنىڭ تاكسىسىغا ئولتۇرغان يولۇچىلار ئۆزىنىڭ قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى، قىيىنچىلىقى ۋە ئارزۇسىنى كۆز ئالدىدىكى بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانغاندىن بۇيان، شۇ تاۋ دائىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئىز قوغلاش**

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لياڭ لىنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: «جاۋاب قايتۇرۇش مەزمۇنىنىڭ تەپسىلىي، كونكرېت بولۇشى تەكلىپلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك.» 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزاسى دېڭ خۇڭ بۇلتۇر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان «شىنجاڭ جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى داشۆسى قۇرۇش تەكلىپى» توغرىسىدا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ يازما جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالغاندا ناھايىتى ھاياجانلاندى.

دېڭ خۇڭ ئاپتونوم رايوندا ھازىر بار بولغان جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكى مائارىپى، داۋالاش ۋە تەتقىقات بايلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيمىز

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «ئۆتكەننى ئەسلىسەك، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈردۇق، ئىنسانلارنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش تارىخىدا مۆجىزە ياراتتۇق. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، بىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتەك تارىخىي ئۇلۇغۋار ئارزۇ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئىشەنچىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، كۈرەش ئىرادىمىزنى قوزغاتتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

## يۈ شيۇسۇڭ: شىنجاڭدا ماركسىزمنى تارقىتىشنىڭ باشلامچىسى



يۈ شيۇسۇڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئامما بىلەن بىللە. ☐ لى دۇڭ سىزغان

☐ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى
ۋاڭ چۈنخۇا

سىز بەلكىم تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى، شىنجاڭ شۆيۈەنى (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆ)دە ۋە ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسخانىسىدا، ماركسىزم - لېنىنىزم سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر دەرسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئىشنى باشلىغۇچى كومپارتىيە ئەزاسى يۈ شيۇسۇڭ.

يۈ شيۇسۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 1 - قارارلىق شۇجىسى بولۇپ، «كومپارتىيە خىتابنامىسى»نى تەرجىمە قىلغۇچى چېن ۋاڭداۋنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

ئۇنىڭ ھاياتى ماركسىزمغا بولغان ئىنتايىن مۇستەھكەم ئېتىقادنى شەرھلەپ بەردى.

1935 - يىلى 5 - ئايدا، يۈ شيۇسۇڭ (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ شوۋچېڭ) كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ھاۋالە قىلىپ ئەۋەتىشى بىلەن، بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر سىياسىي پروگراممىسى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى تۈزۈشى ۋە يولغا قويۇشىغا ياردەملىشىپ، ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ چىرىك، قالاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۈكسەلدۈرۈپ، مائارىپ - مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن قالتىس تۆھپە قوشقان.

شىنجاڭدا تۇرغان ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، يۈ شيۇسۇڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا مۇداپىئە سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، ئاۋىياتسىيە مەكتىپى ۋە ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1935 - يىلى 11 - ئايدا، يۈ شيۇسۇڭ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، «مىللەتنى شەكىل، ماركسىزم - لېنىنىزمنى مەزمۇن قىلىش»تىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى تۈزۈپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

[ئىستون سۆزى]

بىر ھېكايە بىر مۇنچە داۋلىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، بىر ھېكايە نۇرغۇن سۆزلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى 100 يىللىق مۇساپىسىدە، تىللاردا داستان بولغۇدەك نۇرغۇن قەھرىمان شەخسلەر مەيدانغا كەلدى، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەردى، ئۇنتۇلغۇسىز قىممەتلىك دەقىقىلەر باشتىن كەچۈرۈلدى... بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىشىپ «پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھېكايىلەر توپلىمى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، قىزىل نۇر چېچىپ تۇرىدىغان تەسىرلىك ھېكايىلەرنى قېزىپ چىقىپ بايان قىلىدۇ، بۇنىڭدىن بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت سەممىي ساداقىتى ۋە ئەسلىي مەقسىتىنى ھېس قىلىپلا قالماي، تۈركۈم - تۈركۈم كوممۇنىستلارنىڭ مۇشۇ تۇپراق ئۈچۈن كۆرسەتكەن مىسلىسىز جاپالىق تىرىشچانلىقىنى ھېس قىلالايمىز، ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئېتىقادى، شەخسىيەتسىز روھى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلىتىنى ھېس قىلالايمىز، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلاردىن مەنىۋى كۈچ ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە دادىل قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

جەۋلان قىلغان قىزىل بايراق
100
پارتىيە شىنجاڭدا

ھېكايىلەر توپلىمى